

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتورى:

# قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64228007، 010)
تىزغۇچى: "بۇغرا" كومپيۇتېرى
باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى
سانقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1999-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1999-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 11.50 يۈەن سانى: 1000—5000

图书在版编目(CIP)数据

水井里的月影/土尔逊江·穆罕默德著. －北京:民族出版社,1999.5

ISBN 7－105－03423－8

Ⅰ.水… Ⅱ.土… Ⅲ.中篇小说－作品集－中国－当代 Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 14174 号

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013 电话:<010>64228007)

博海电脑照排　　迪鑫印刷厂印刷

各地新华书店经销

1999 年 6 月第 1 版　　1999 年 6 月北京第 1 次印刷

开本:850×1168 毫米　1/32　印张:10

印数:0001—5000 册　定价:11.50 元

# ئىچىدىكىلىرى

قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى .................................. 1

ئانا قەدرى ........................................... 111

قۇرۇلتاشتىكى كۈنلەر..................................... 177



# قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى



## 1

ئەتراپ تولۇن ئاينىڭ نۇر تۆكۈپ تۇرغان جامالىدىن سۆيۈنۈپ، سۈت رەڭدە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. كۆز يەتكۈسىز شال ئېتىزلىرى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تۇرۇپ-تۇرۇپ كۆتۈرۈلىدىغان كېچىنىڭ ئارامبەخشلىك سالقىن شامىلىدا شال مايسىلىرى ئۇيقۇلۇق ئادەمنىڭ پىچىرلىغان لەۋلىرىدەك ئاستا مىدىرلاپ قوياتتى. ئاشۇ شاللىق دالىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئادەمنى ئەقلىدىن لال قىلىدىغان بىر كۆل سوزۇلۇپ ياتاتتى. دائىرىسى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بۇ كۆلنى كىشىلەر ”جالالبايىنىڭ كۆلى“ دەپ ئاتىشاتتى.

كۆل يۈزىدىكى سۇ دولقۇنلىرى ئاي نۇرىدا جىمىرلىشىپ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

كېتەتتى. كۆز قىسىۋاتقان سانسىز يۇلتۇزلار تۈپكى سۇ يۈزىدە بىر كىم كۆلگە ئوچۇملاپ تىللا تاشلىغاندەك كۆرۈنەتتى. كۆل سۈيى لۆمشۈپ، چايقىلىپ، قىرغاقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن شالاپلىتىپ يالايتتى. مۇشۇ يەردە بۇ كۆل پەيدا بولۇپ، جالالباينىڭ ئىلكىدىن ئاللىكىملەر تارتىۋالغۇچە ۋە شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇ كۆلدە سۇنىڭ تىنچىغىنى يوق. رەھمى ئۇلۇغ ئاللا بەندىلىرى ئۈچۈن بۇلاق يارىتىپ بۇ كۆلنى ئەزەلدىن سۇدىن كەمبەغەل قىلىپ باقمىدى. قاچانلا قارىساڭ كۆل سۈيى دولقۇنلايدۇ. خۇددى ئادەمنىڭ هايات كەچمىشلىرىدەك، بەزىدە غەزەپتىن تولغىنىپ، قەھرىگە كېلىپ نەرە تارتىپ گۈلدۈرلىسە، بەزىدە خۇشاللىقتىن قېن-قېنىغا پاتمىغان ئوماق قىزدەك ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. سۇنىڭ تېگىدىكى بۇلاقلاردىن چىقىۋاتقان بۇلدۇق-بۇلدۇقلىغان سادالار بىلەن پاقىلارنىڭ زېرىكىشلىك كۇركىراشلىرى، كۆل بويلىرىدا، شاللىقلار ئارىسىدىكى چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى قوشۇلۇپ، كۆل هاياتىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنى ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى.
جالالباي مۇشۇ زېمىننىڭ خوجايىنى ئىدى. كۆز يەتمەيدىغان شاللىق مەيدان، مۇشۇ ئەتراپتىكى تۆت-بەشچە كەنت سۇ ئىچىدىغان كۆل ئۇنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقى ئىدى. تېرىم پەسلى، يىغىم ۋاقىتلىرىدا ئۇ ئىش-كۈشلىرىگە ئادەم ياللايتتى. بىر-ئىككى يۈزدەك ئادەم مۇشۇ يەردە يەڭلىرىنى شىمايلاپ شال ئورمىسىغا كىرىشىپ كېتەتتى. ئىش تۈگىگەندە بولسا جالالباي ئۇلارنى ئوبدان رازى قىلاتتى-دە، هەققىياتلىرىنى كۆتەرتىپ يولغا سالاتتى. قالغان ۋاقىتلاردا ئۇ چىلان تورۇق ئېتىنى مىنىپ، تەۋەررۇك كۆل ۋە شال ئېكىنزارلىقلىرىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى.
جالالباينىڭ خاتىرجەم كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى.

بوۋىسىدىن دادىسىغا، دادىسىدىن ئۆزىگە مىراس بولۇپ قالغان شال ئېتىزلىرى ۋە كۆل شۇنداقلا بىر ئۆمۈر يىغقان، قان-تەر سەرپ قىلغان دەپى-دۇنياسى مۇسادىرە قىلىنىپ، ”پومېشچىك“ دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگىنىچە، ئۇ ئەزەلدىن خوجايىنلىق قىلىپ كەلگەن بۇ ئەزىز ماكانىدىن قوغلاندى. ماكانسىز قالغان جالالىباي مەھەللە بىلەن جاڭگال تۇتىشىدىغان بىر يەرگە كۆچۈپ كېلىپ گەمە كولاپ، نەمخۇش تۇپراق باغرىدا ئۇچەككە كىرگەن قۇرت-قوڭغۇزلاردەك جان ساقلاشقا كىرىشتى. ئەمما ئۇنىڭغا بۇ يەردىمۇ ئارامچىلىق بولمىدى. كېچە-كۈندۈزگە سوزۇلىدىغان ئېغىر ئەمگەكلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تاشتەك ئەزدى. ساقاللىرى يۇڭدالدى. يۈزىگە قازان قارىسى سۈرتۈلۈپ سازايى قىلىندى. خۇددى كوچىدا قالغان لالما ئىت ئۇر-ئۇرغا قالغاندەك، ھەر خىل زەربىلەر ئۇستى-ئۇستىلەپ كېلىۋەردى. بۇ دەردكە چىدىمىغان جالالىباي بىر كۈنى ئەتىگەن مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى قېرى جىگدىدە قاپاقتەك ئېسىلىپ ھاياتىغا چېكىت قويدى. ئۇنىڭدىن مۇسادىرە قىلىنغان شاللىق يېرى يوق، مال-بىساتى يوق كەمبەغەل دېھقانلارغا، ھېچنېمىسى يوق پرولېتارلارغا بۆلۈپ بېرىلدى. كېيىن ”كوپىراتسىيىلىشىمىز“ دەپ نېمىشقىدۇر يىغىۋېلىندى. نەچچە يىلدىن كېيىن يەنە ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىلدى. ئەمما كۆل بولسا باشتىن-ئاخىر كوللېكتىپ ئىلكىدە قالغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا غەلەمەتشاھ خوجايىنلىق قىلىۋاتاتتى.

غەلەمەتشاھ ئەللىكلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان تەمبەل ئادەم ئىدى. ئەمما مۇشەققەت ئەزمىگەن قامىتىدىن ئۇ ياپپاشلا كۆرۈنەتتى. مۇز ئالمىسىدەك چىرايىغا ماس كەلمىگەن بىر تەرەپ

— سەپراسى يامانلىقتىنمۇ ياكى ئويۇن-تاماشا، مەئىشەتكە كۆپ بېرىلىپ كەتكەنلىكتىنمۇ — ئەيتاۋۇر چاچلىرى ئوبدانلا ئاقىرىۋالغانىدى. تولغان بېلەكلىرىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. سەل ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى ئاي نۇرىدا تولغىنىۋاتقان كۆل سۈيىدەك چىمچىقلايتتى. غەمكىنلىك ئىگىلىگەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا قانداقتۇر بىر خىيال قوتراپ، ئۇنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلغانىدى.

ئۇ كۆلنىڭ قىرىدىكى مۇزدەك سوغۇق ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن خىيال سۈردى. نېمىشقىكىن ئۇ كۆلگە مەسئۇل قىلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. تولا خىيال سۈرەتتى. سۈپسۈزۈك سۇ چايقىلىپ تۇرغان قاشتېشىدەك جۇلالىق كۆلگە قاراپ سائەت-سائەتلەپ ئولتۇراتتى. چارچاپ كەتكەنلىرىدە بولسا ئۆزىنىڭ نېمىنى قانداق خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى بارا-بارا سەزمەيدىغان هالغا كېلىپ قالاتتى، ئۆتۈپ كېتىپ بارغان هاياتىنىڭ هەربىر مىنۇتلىرىنى تولىمۇ زېرىكىشلىك هېس قىلاتتى. ئەنە شۇنداق زېرىكىش ۋە يالغۇزلۇق جېنىغا پاتقان ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ قومباغ يېزىسىغا خاقان بولۇپ، جاالىبايمۇ سۈرەلمىگەن لەززەتلەرنى تېتىغان شادلىق مىنۇتلىرىنى ئەسلەپ لەۋ تامشىيتتى. ئۆكۈنەتتى، پۇشايمان قىلىپ ئۆزىنى شۇ هالغا كەلتۈرۈپ قويغان كىمنىدۇر قارغايتتى.

بەخت ئۇنىڭغا هىيلىسى تولا ئايال لېۋىنى چىڭ بېسىپ، مەهكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ تاتلىققىنا بىرنى سۆيۈۋەتكەندىن كېيىن غىپلا قىلىپ كۆزدىن يىتكەندەكلا نېسىپ بولغانىدى. شۇ چاغلارنى ئويلىسا ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قانلار شۇرقىراپ، پۈتكۈل تېنى

لەززەتتىن بوشىشىپ كېتەتتى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئالەمچە شادلىقلارنى ھەدىيە قىلغان مىنۇتلار ئەمدىلىكتە ئۇنى تېخىمۇ مىسكىن، بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئەمىلىدىن ئايرىلىپ، پەش قېقىپ كەتكەن خوتۇنىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ، "كۆل ساقلىغۇچى" مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن بۇيان، ئۇ ئۆزىنى قېرىپ كەتكەندەك، پۈت-قولىنىڭ دەرمانى قالمىغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

## 2

ئەتراپىغا ئاندا-ساندا قومۇش ئۆسكەن جالالباينىڭ كۆلى يېتىپ كېلىۋاتقان يېپيېڭى بىر تاڭنىڭ بەھرىدە يورۇشقا باشلىدى. ئۇپۇق قان رەڭگىگە كىردى. ئۇ يەردىن چېچىلغان قىزغۇچ شولىلار سۇس تۇمان كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۇ يۈزىدە چاقناشقا باشلىدى. كۆل ئۈستىدە بېلىقچى قۇشلارنىڭ ئەنسىز چىرقىرىشى ئاڭلىناتتى. كۆلنى خانىشنىڭ كېنىزەكلىرىدەك قورشاپ ئالغان شالىلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇقلىغان ۋە ئاللىكىملەرنىڭ ئۇلارنى ھۈركۈتۈپ "قۇ... قۇ... " دەپ سوزۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى كېلەتتى. جان-جاندارەتلەردىن باشلاپ ئادەملەرگىچە ھەممىسى بۈگۈنكى قايناق ھاياتنى باشلىۋەتكەنىدى.

شاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، مەھەللىدىن كۆلگە تۇتىشىدىغان يىلانباغرى چىغىر يولدا ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال كېلىۋاتاتتى. چىت كۆڭلىكى ئەتىگەنكى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆڭۈپ كەتكەن بىر داستىخاننى مۈرىسىگە تاشلاپ،

ئۈستىدىن بىر قاپاقنى يۇدۇۋالغانىدى. قارا تۇمان قاپلىغان دەھشەتلىك يىللار يۇرىكىنى ئېزىپ، ئېتىز-ئېرىقنىڭ جاننى قاقشىتىدىغان ئېغىر ئەمگەكلىرى قەددىنى ئەگكەن بولسىمۇ، گۈزەللىكىنى تامامەن ئېلىپ كېتەلمىگەن بۇ ئايال مۇشۇ زېمىننىڭ سابىق غوجىسى جاالالبايىنىڭ يالغۇز قىزى زەربىنىساخان ئىدى. ئۇ دەل جاالالباي روزىغاردىن قۇرۇق قېلىپ، قىيىن-قىستاقتا ئېلىنغان ۋە سوغۇق گەمىدە ئاداققى ئۆمرىنى ياشاۋاتقان، بەخت قىزى يۈزسىزلىك قىلىپ ئۇنىڭ دىلىغا زەربە بەرگەن بىر ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ قالغاچقا، ئاچچىق ئەلەمدىن يىلاندەك تولغىنىپ، يۇرىكىنى تاتىلاپ يۇرگەن جاالالباي ئۇنىڭغا شۇنداق ئىسىم قويغانىدى. بۇ ئىسمىغا جاالالبايىنىڭ كېيىنكى پاجىئەسى ۋە قىزىنىڭ ھازىرغىچە تولۇق كەتمىگەن دەرد-ئەلەملىرى مۇجەسسەملەنگەنىدى. كېيىن جاالالباي ئۆلۈم يولى بىلەن بېشىغا كەلگەن دەرد-ئەلەملەردىن، دىشۋارچىلىقلاردىن بىراقلا قۇتۇلدى-دە، كەلگۈسى بالايىئاپەتلەرنى ئايالى توختى ئاغىچا بىلەن يالغۇز قىزىغا مىراس قىلىپ قالدۇردى. زەربىنىساخانمۇ قىيىن-قىستاقلار، كېچە بىلەن كۈندۈز ئۈلىنىپ كېتىدىغان ئەمگەك دولقۇنلىرىدا ھەممىدىن بۇرۇن قايىنامىغا تاشلىنىدىغان توختى ئاغىچىنىڭ ئېتەكلىرىدە، ئېتىز قىرلىرىدا، ئەمەن، كەندىرلەرنىڭ ئادەمنىڭ بېشىنى ئېشىدىغان سالقىن سايىلىرىدا بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ يېتىپ، جىگدە-ئۈجمىلەردىن تېرىپ يەپ، ئاستا-ئاستا چوڭ بولۇشقا باشلىدى.

دەرەخلەر نەچچە رەت يوپۇرماق چىقاردى. سۇ قانچە قېتىملاپ مۇز تۇتتى. ئاردىن تاالاي يىللار ئۆتتى. زەربىنىساخان

بارغانسېرى تولۇپ، چېچەك ئېچىشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى بۇ گۈل تىكەنلىك شاخ-شۇمبىلار بىلەن قاشالانغان بىر خىلۋەت باغدا جامال ئاچقانىدى. كىشىلەر بۇ مەپتۇنكار گۈلگە پەقەت تىكەنلىك قاشانىڭ نېرىسىدىن كۆز تاشلىشاتتى. قاشانى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قارىشاتتىيۇ، "پومېشچىكنىڭ قىزى" دېگەن قاشادىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.

زەربىنىساخانمۇ ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسىدا پېشانىسىگە پۈتۈلگىنىگە شۈكۈر قىلىپ، ئارتۇقچە ھەۋەسلەرگە پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن ئانىسىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كالىدەك ئىشلەيدىغان، پەقەت زورۇقۇپ يۈرۈپ ئەمگەك قىلىش بەدىلىگە قەلبىدىكى دەرد-ھەسرىتىنى بىردەمگىنە بولسىمۇ ئۇنتۇش پۇرسىتىنى ئىزدەيدىغان بولدى.

ئەنە شۇ ئىستەك يولىدا — زورۇقۇپ يۈرۈپ ئېغىر، مۇشەققەتلىك ئەمگەك قىلىش بىلەن ئۇ ياشلىق باھارىنىڭ ئوتتۇز گۈلىنى ئېچىنىش ئىچىدە خازان قىلدى. پومېشچىكنىڭ پۇشتى — جالالباينىڭ قىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھېچنېمىگە، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيدىغان، ۋۇجۇدىنى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ، كۆڭلىگە تىت-تىتلىق سالىدىغان، ئەقلى-ھوشى جايىدا ھەربىر ئايال ئېرىشىشكە تامامەن ھەغدا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتكە، ئۇ ئاتا قىلىدىغان چەكسىز لەززەتلەرگە، نامراتراق بولسىمۇ بېشىنى تىققىلى بولىدىغان ئائىلىگە ئېرىشەلمىدى.

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ چېپىشىۋاتقان شوخ بالىلاردەك ئۆتۈپ كېتىۋەردى. ئاقىۋەت ئادەم ئۆزىنىڭ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قەدىر-قىممىتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يېتىدىغان بىر زامان يېتىپ كەلگەندە، ئۇ بەكمۇ كېچىككەنىدى. زەربىنىساخان گۇلدەك چىرايىدىن كېتىپ، بەدىنى سولاشقان، باشقىلارنىڭ قىزىقىشىدىن، نەزەر كۆزىدىن قالغان بىر قېرى قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھېلىقى تىكەنلىك قاشا غايىب بولغاندا، گۇلمۇ بەرگىلىرىنى تاشلاپ كەچكۈزگە يۈز تۇتقانىدى. ئوتتۇز يىللىق ھايات ئۇنىڭ ئىسمىدەكلا خىلمۇخىل زەربىلەرگە ئۇچراپ كەلمەسكە كەتكەنىدى.

زەربىنىساخان كۆز يەتكۈسىز شالىلىقنى ”دادام“، ھەۋزى كەۋسەردەك سۈپسۈزۈك سۇلىرىنىڭ ئەللەيلىشىدە غەمگە پېتىپ ياتقان كۆلنى ”ئانام“ دەپ بىلەتتى. چۈنكى بۇلارغا رەھمەتلىك ئاتا-ئانىسىنىڭ قولى تەگكەن، ھەربىر غېرىچ يەردە ئۇلارنىڭ قەدىمىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى ساقلانغانىدى. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭغا شالىلىقتىن تۆت مو يەر ھۆددە بېرىلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ قايتىدىن ئاز بولسىمۇ ئاشۇ يەرنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغىنىنى بىلگىنىدە، يەرنى قۇچاقلاپ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يىغلىغانىدى. ھەر نېمە بولسا كىشىلەر كۆلنى بولسىمۇ ”جالالبايىنىڭ كۆلى“ دەپ رەھمەتلىكنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ تۇردى. بۇ زەربىنىساخانىڭ كۆڭلىگە چوڭ تەسەللى ئىدى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى مۇشۇ كۆلنىڭلا سۈيىنى ئىچەتتى. مەھەللىدە، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا كۆل بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا جالالبايىنىڭ كۆلىگە سۇ ئالغىلى كېلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم كۆل بويىغا كەلسە، ئاتا-ئانىسىنى كۆرگەندەك بولاتتى. كۆلنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك سۇلىرىدىن قېنىپ-قېنىپ ئىچكەندە بولسا ئاتا-ئانىسىغا بولغان سېغىنىشىنىڭ بىرئاز پەسلىگەنلىكىنى ھېس قىلاتتى.

زەربىنىسا بوگۇنمۇ ئادىتى بويىچە قاپاقنى يۇدۇپ، دادىسىنىڭ نامىغا ئاتالغان مۇقەددەس كۆلدىن سۇ ئالغىلى كەلگەنىدى.

شاللار سارغىيىشقا باشلىغانىدى. قۇشقاچلارمۇ بارغانسېرى ئاچكۆزلىشىپ كەتكەچكە، ئېتىز قىرلىرى، شاللار ئارىسىغا ياساپ قويۇلغان قارانچۇقلارغا پەرۋا قىلماستىن پىشىشقا باشلىغان دانلارنى چوقلاپ يېيىشمەكتە ئىدى. بۇ ئېتىزدىكىدىن زېرىكسە گۇر قىلىپ ئۇچۇپ ھاۋادا غەلۋىر شەكلىنى ياساپ بىر پەس پەيزى قىلىشقاندىن كېيىن يەنە بىر ئېتىزغا چۇشۇپ شاللارغا ھۇجۇم باشلايتتى. زەربىنىسا قۇشقاچلاردىكى بۇ ئەركىنلىكنى كۆرۈپ ئۇلاردىن سۆيۈندى. قۇشقاچلارغا ھەۋەس قىلدى. دادىسىنىڭ ھىممىتىدە بەرپا بولغان شاللىقنىڭ ئاشۇ جانىۋارلارغا ھاياتلىق، شوخلۇق بەرگىنىدىن ئېيتقۇسىز شادلىققا تولدى. ئەپسۇسكى، زېمىن قىلالىغاننى ئىنسان بالىسى قىلالمىدى. كىشىلەر بۇ مۇھەببەتنى چۈشەنمىدى. شۇنچە يەرنى، دەپى-دۇنيانى ”مۇسادىرە“ دەپ ئېلىۋالغىنى يەتمىگەندەك، زەربىنىساخانغا بىردەممۇ ئاراملىق پۇرسىتى بەرمىدى. ھېچنېمىگە ئېرىشتۇرمىدى. پەقەت ئېرىشتۇردى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ جاللابىنىڭ كۆلىدىكى سۇدىن ئىچىشنى چەكلىمىدى. بەلكىم بۇ كىشىلەردىكى تامام يوقاپ كەتمىگەن مېھىر-مۇھەببەتنىڭ بەلگىسىدۇر ياكى سۇ ئىچىش تەقدىر ئەۋۋىلىدە ھەممە ئادەمگە ئوخشاش تەقسىم قىلىنغانلىقىنىڭ نىشانىسىدۇر.

— پاھ، شاللىقتا قاراپ ھوزۇرلىنىۋاتامسىز زەربىنىساخان؟ — تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن ئۇ چۆچۈپ

كەتتى. قاياقتىندۇر ئايلىنىپ كېلىپ قالغان ئەترەت باشلىقى سۇلايمان شاپ بۇرۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ ئۇنى قىستاپ كەلدى،

— قاراڭ ”قىزچاق“، ئاۋۇ قوغلىشىپ يۈرگەن ئىككى قۇشقاچقا قاراڭ دەيمەن، ھە بەللى، ئۇلار شۇنداق مەززىلىك داننى قويۇپ، بىر-بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى چوقۇشۇپ يۈرگىنىنى كۆرگەنسىز. مانا، مانا، دۇنيادا ھۇزۇرلىنىدىغان نەرسىلەر كۆپ جۇمۇ.

— ئۇكام سۇلايمان، سىز دېگەن ئۇ لەززەتلەر ماڭا نېسىپ بولمىغانىكەن، — زەربىنىسا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن دېدى، — ماڭا كۆرسەتمەيلا قويۇڭ ئۇنى.

— ياق، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ قىزچاق، — سۇلايمان ئەتەي ”قىزچاق“ دېگەن سۆزنى ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى، — سىز ناھايىتى مەندىن بىر-ئىككى ياشلا چوڭ، بۇنىڭلىق بىلەن ماڭا ئاچا بولۇۋالماڭ. قاراڭ، سىزنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان نەرسىلەر مەندە تولۇپ يېتىپتۇ. ياق دېمىسىڭىزلا...

— ئۆيدە ئاچىڭىزنىمۇ ھۇزۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىكەنسىزغۇ، — زەربىنىساخان مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېۋىدى، سۇلايماننىڭ قارامتۇل چىرايى تۆمۈردەك رەڭ ئالدى. چۈنكى يېقىندىلا مەھەللىدە ”سۇلايمان مەستلىكىدە ئاچىسىنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ ساپتۇ“ دېگەندەك مىش-مىش گەپلەر تارقالغانىدى.

— ئېغىزىڭىز خالاجايىنىڭ تۆشۈكىدەك ئەجەب سېسىق جۇمۇ سىزنىڭ، — سۇلايمان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قولىنى سىلكىدى، — تۇل خوتۇنغا چاقچاق قىلىپ كۆڭلىنى ئالسا ساۋاب دېگەننى ئاڭلىغانىدىم. ئاز-تولا ساۋابقا ئېرىشەي دېسەم ھالىنى كۆرمەمدىغان بۇ سەتەڭنىڭ...

— ئانىڭىزنىڭ دۇئاسىنى ئالسىڭىز تېخىمۇ ساۋاب

ئۇكىجان.

سۇلايماننىڭ ئانىسى تۇل ئىدى. شۇڭا بۇ چاقچاق ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا قامچىدەك تەگدى.

— ئاغزىڭنى يۇم سېسىق جالاپ، سەندەك نېمىگە چاقچاق قىلغۇچە ئېشەككە بىر باغلام بېدە تاشلاپ بەرگەن ياخشىراق. ھۇ قىلغاننى بىلمەيدىغان بۇزۇق.

— تېخىچە ئېشەك سېغىنىپ تۇرغان بولسىڭىز ئۇمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىز، — زەربىنىساخان يەنە ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگمەكچى بولدىيۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن چېقىشقۇەرسە، سۇلايماننىڭ بالىلىق قىلىپ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆچ ئېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ قاپىقىنى يۇدۇپ بېشىنى سالغىنىچە كۆل تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ كۆل بويىغا يېتىپ كەلگەندە تۇمان تارقىلىپ، كۆل سۈيى بىر خىلدا چىمىرلىشىپ تۇراتتى. ئۇششاق بېلىقلار سۇ يۈزىدىن سەكرەپ چىقىپ ئاقۇش قورسىقىنى كۆرسىتەتتى-دە، بىر توپ ئەرلەر پاراڭلىشىپ تۇرغان زالغا ئۇقۇشماي كىرىپ قالغان تارتىنچاق قىزدەك ئۆزىنى قايتىدىن سۇغا ئاتاتتى. كۆل ئۈستىدە بېلىقچى قۇشلار ئاچچىق چىرقىراشقىنىچە ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. كۆلنىڭ نېرىقى تەرىپىدە پادا باققىلى چىققان بالىلارنىڭ قى-چۇلىرى ئەۋجىگە چىققانىدى. ئېشەكلەرنىڭ بوغۇق ئاۋازدا تەرەپ-تەرەپتىن مۇسابىقىگە چۈشكەندەك ھاڭراشلىرى، ئاللىكىملەرنىڭ غەمكىن ئاھاڭدا سوزۇپ ئېيتقان ناخشىلىرى، بېلىقچى قۇشلارنىڭ چىرقىراشلىرى كۆلنىڭ ئەتىگەنكى جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. كۆلنىڭ ئۆزگىچە بۇ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ زەربىنىساخاننىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك ۋىللىدە

كۆتۈرۈلدى. خۇددى سىرتتا تاياق يېگەن بالا ئۆيگە كىرىپ ئانىسىنى كۆرگەندە تاياقنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇغاندەك، سۇلايماننىڭ مەمەدانە سۆزلىرىنى، بىمەنە چاقچاقلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

— ئاھ ئانجان كۆل، تىنچمۇ سەن؟ قىزىلىڭ سېنى پەتىلەپ يەنە كەلدى. سېنىڭ ئابىھايات سۈيۈڭگە تەشنا قەلبىنى ئېلىپ، روھىڭغا سېغىنىپ يوقلاپ كەلدى. قېنى، باغرىڭنى ئاچ ئانا، سېنى بار مېھرىم بىلەن بىر قۇچاقلىۋالاي. راھەت كۆرمەي، جاپادىن باش ئالالماي ئۇچۇق كەتكەن كۆزلىرىڭگە لەۋلىرىمنى باساي. قىسمەت ئاتا قىلغان قەلبىمدىكى جاراھەتلەرنى سېنىڭ ھەۋزى-كەۋسىرىڭ بىلەن يۇيۇپ تازىلىۋالاي. باغرىڭنى ئاچ ئانجان! — ئۇ قاپاقنى توغان ئۈستىدە قويۇپ، كۆل سۈيىدىن ئۇچۇملاپ ئىچكىنىچە پەرياد چەكتى. كۆز ياشلىرى مارجان بولۇپ تۆكۈلدى، كۆلنى كۆرۈپ ھەمىشە كۆز يېشى قۇرىمايدىغان ئانىسىنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ سۇدىن قانغۇچە ئىچتى. نېمىشقىكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ”كۆل سۈيىگە چۆمۈلسەم“ دەيدىغان بىر خىيال پەيدا بولدى. ئۇ سۇغا كىرسىلا ئانىسىنى سۈزۈپ چىقالايدىغاندەك بىرخىل تۇيغۇنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئارسالدى بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى. يېقىن ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاستا-ئاستا كىيىملىرىنىڭ تۈگمىسىنى ئېچىشقا باشلىدى.

## 3

توغان ئۈستىدىكى ئىشخانا قىلىنغان ۋەيرانە ئۆيدە غەلەمەتشاھ موخۇركا چېكىپ ئولتۇراتتى. رەندىلەنمىگەن

ياغاچتىن ياسالغان قوپال ئۈستەلدىكى كونا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. ئەتىگەندىن بېرى خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئـادەمـدەك، ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تاماكىسىنى شوراپ ئولتۇرغان غەلەمەتشاھ خېلىدىن بېرى زۇۋانىدىن قېلىپ تـوپـا بېـسـىـپ تـۇرغان بۇ قارا تېلېفونغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قـويدى-دە، قولىدىكى ئازغىنە قالغان تاماكىسىنى كۈچ بىلەن بـىـرنـەچـچىنى شورىۋەتكەنىدىن كېيىن كۈلدانغا باستى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، تازا بىر كېرىلىۋەتكەندىن كـېـيـىـن ئـېـغـىزىدىكى ئىسنى تېلېفون بەرگۈچىنىڭ يۈزىگە پۈركىمەكچى بولغاندەك تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، جالالبايىنىڭ كۆلىمۇ؟ غەلەمەتشاھ بارمۇ؟

تۇرۇپكىدىن ئاڭلانغان بوم، جاراڭلىق، ئۇرغۇلۇق ئاۋازدىن تـېـلـېفون بەرگۈچىنىڭ ھاكىم سۇلتان غازى ئىكەنلىكىنى ئۇ دەرھال بىلىۋالدى.

— ھە، ھە، مەن شۇ. غەلەمەتشاھ بولىمەن ھاكىم.

— ھـە غـەلـەمـەتـشـاھ، قـانداق ئەھۋالىڭلار؟ كۆلدىكى بېلىقلارچۇ؟

— يـاخشى، ياخشى، ئۆزلىرىنىڭ ھىممەتلىرىدە بېلىقلار ياخشى ئۆسۈۋاتىدۇ. پات يېقىندا ئېغىزغا تەگكۈسى ھاكىم.

— تـېزراق بولسا ياخشى بولاتتى-دە، كاساپەت، ھېلىمۇ كۆلگە تەلمۈرۈپ يۈرگىنىمىزگە خېلى بولدى جۇما غەلەمەتشاھ. ئەمدىكى ئۈمىد سىلىدە قالدى. ناھىيىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سىلى بىلىسىلەرغۇ، بىزنىڭ بۇندىن كېيىن بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىمىز ياكى تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىشىمىز جالالبايىنىڭ كـۆلـىگە، كۆلدىكى بېلىقلارغا شۇنداقلا سىلىگە باغلىق بولۇپ



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com